# مۇسىبەت قانچە ئېغىر بولسا، مۇكاپاتمۇ شۇنچە كاتتا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بىر قەۋمنى ياخشى كۆرسە ئۇنى مۇسىبەت بىلەن سىنايدۇ، كىمكى ئۇ مۇسىبەتكە سەبىر قىلىپ رازى بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ. كىمكى ئۇ مۇسىبەتكە نارازى بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن نارازى بولىدۇ

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىپ رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: دۇنيادا مۇسىبەت قانچە ئېغىر بولسا، ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتمۇ شۇنچە كاتتا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بىر قەۋمنى ياخشى كۆرسە ئۇنى مۇسىبەت بىلەن سىنايدۇ، كىمكى ئۇ مۇسىبەتكە سەبىر قىلىپ رازى بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ. كىمكى مۇسىبەتكە نارازى بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن نارازى بولىدۇ

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان -] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ: مۆمىن كىشىنىڭ مال ۋە جانلىرىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەبىر قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ سەبىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەجىر-ساۋاب بېرىدۇ، مۇسىبەت ۋە ئۇنىڭ تەسىرى قانچىكى ئېغىر بولسا بېرىلىدىغان ساۋابمۇ كاتتا بولىدۇ، دەپ بايان قىلدى. يەنە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: بىر كىشىگە مۇسىبەتنىڭ كېلىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرگەنلىكىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدە ئورۇنلاشتۇرغان ئىشى شەكسىز يۈز بېرىدۇ. لېكىن ياخشى سەبىر قىلسا ۋە رازى بولسا ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، ساۋاب نېمە دېگەن ياخشى مۇكاپات. كىمكى ئاللاھنىڭ تەقدىرىنى ئۆچ كۆرسە ۋە نارازى بولسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپى يېتەرلىك جازادۇر



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee